# ئەتە بايراقنى چوقۇم، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىمۇ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى بىلەن پەتھىنى نېسىپ قىلىدۇ

سەھل ئىبنى سەئد ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئەتە بايراقنى چوقۇم، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىمۇ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى بىلەن پەتھىنى نېسىپ قىلىدۇ دېۋىدى، كىشىلەر شۇ كېچىسى، ئۇ بايراق كىمگە بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشىپ چىقىشتى. تاڭ ئېتىۋىدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بايراقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ قېنى؟، دەپ سورىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ، دېيىلدى. ئۇلار ئۇنى ئەكىلىشكە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە تۈكۈرۈپ دۇئا قىلىۋىدى، خۇددى ئاغرىپ باقمىغاندەك ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا بايراقنى بېرىپ دېدىكى: ئالدىڭغا ئالدىرىماي مېڭىپ ئۇلارنىڭ مەيدانىغىچە بارغىن! ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن! ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدە ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى ئېيتقىن. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بىر ئادەمنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىپ قالسا، ئۇ ساڭا قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراقتۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە ئەتىسى ناھايىتى كاتتا پەزىلەت ئىگىسى ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىگە بولغان بىر كىشىنىڭ قولى بىلەن، يەھۇدىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقلىرى بىلەن خۇش بىشارەت بەردى. ساھابىلەر ياخشىلىققا بەك ھېرىسمەنلىكىدىن ھەممىسى ئۇ ئىشقا ئىشتىياق باغلاپ شۇ ۋاقىتنى كۈتتى. ئۇ ۋاقىت كەلگەندە ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭ كېلەلمەسلىكى بۇ ئىشقا ئۇدۇل كىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك تۈكۈرۈكى بىلەن تۈپلىدى، ئۇ ھېس قىلىۋاتقان ئاغرىق تولۇق توختىدى ۋە ئۇنىڭغا ئەسكەرى قوماندانلىقنى تاپشۇردى. ئۇنى ئالدىرىماستىن دۈشمەن تەرەپكە مېڭىپ، ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرىشقا بۇيرىدى. ئەگەر قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرز بولغان ئەمەللەرنى بايان قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن كىيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە دەۋەتچىنىڭ قولىدا بىرەر كىشى ھىدايەت تېپىپ قالسا، بۇنداق بولغىنى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ماللىرىدىنمۇ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەرنىڭ ھىدايىتى ھاسىل بولسا قانداق بولۇپ كىتەر- ھە!؟